# ئويۇنچۇق ئۆي



مه نبه: قصص و حكايات بالعربي

باتۇر قورسىقىنىڭ بەكمۇ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئەسىر نامىزىنى تۈگىتىپلا، شام نامىزىغا ئەزان چىقىشىنى

تەقەززالىق بىلەن كۈتتى.



ئۇ خىلمۇ -خىل يىمەك-ئىچمەكلەرنى خىيال قىلغىلى تۇردى.
ئاغزىدا ئازراقمۇ نەم قالمىغانلىقى ۋە قاتتىق ئۇسساپ
كەتكەنلىكىنى ھىس قىلىپ يەنە بىر قېتىم سائەتكە قارىدى.
سائەتنىڭ ئىسترىلكىسى ئىنتايىن ئاستا چۆگىلەۋاتاتتى.



-باتۇرا! غەيرەتلىك بول بالام، ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، روزا تۇتۇشقا ئادەتلەن، سائەتكە قاراۋەرمەي ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بول،-دېدى دادىسى ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن.



باتۇر ياتاق ئۆيىگە كىرىپ دادىسىنىڭ سۆزىنى ئويلاندى. توغرا ئۇ ئەھمىيەتلىك  ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى كىرەك ئىدى. ئەمما زادى نېمە ئىش قىلىشى كىرەك؟



ئۇ دەرھال تېخى پۈتتۈرۈپ بولالمىغان بىر ئىشىنى ئەسلىدى-دە، بازاردىن سېتىۋالغان رەڭلىك كارتون قەغەز، چاپلىغۇچ ۋە قىزىل رەڭلىك چاقلارنى ئالدى ۋە بىر قانچە ئايدىن بېرى سىڭلىسىغا ۋەدە قىلغان ئويۇنچۇق ئۆينى ياساشقا كىرىشىپ كەتتى.



ئۇ ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈۋاتقانلىقى، ئويۇنچۇق ئۆينىڭ بارغانچە چىرايلىق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېپتاردا سىڭلىسىنى خۇشال قىلىۋەتمەكچى بولدى، پېشايىنىسىدىن تەرلەر ئېقىپ ۋاقىت يېتىشمەيلا قېلىۋاتاتتى، بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن شام نامىزىنىڭ ئەزىنى بىلەن تەڭ ئاخىرقى قەغەزنى بىكىتتى.



ئويۇنچۇق ئۆينى كۆرۈپ خۇشاللىقتا چۇمگەن قىزنى كۆرگەن دادا تەبەسسۇم قىلدى.

-دادا! مەن رامىزاننىڭ ھەربىر كۈنىدە يېڭى بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولىمەن،- دېدى باتۇر دادىسىغا.



-ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانساق نېمىدېگەن ياخشى ھە! شۇنداق قىلساق ۋاقىتنى ساقلاپ زېرىكىپ كەتمەيمىز. رامىزان ھورۇنلۇق ئېيى ئەمەس، ئەمەل-ئىبادەت ئېيىدۇر،-دېدى دادىسى باتۇرغا.

